# ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈچۈن بولغان توغرا يولنىڭ مىسالىنى بايان قىلىپ بەردى

نەۋۋاس بىن سەمئان ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈچۈن بولغان توغرا يولنىڭ مىسالىنى بايان قىلىپ بەردى: توغرا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى سېپىل بار، ئىككى سېپىلدا ئوچۇق ئىشىكلەر بار، ئىشىكلەردە ساڭگىلاپ تۇرغان مىلەكزىلەر تارتىلغان، توغرا يولدىكى ئىشىكتە بىر چاقىرغۇچى : ئى ئىنسانلار! توغرا يولغا كىرىڭلار، قىڭغىر كەتمەڭلار دەيدۇ. توغرا يولنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن بىر چاقىرغۇچى: توغرا يولدىكىلەر ئەتراپتىكى ئىشىكلەردىن بىرەرنى ئېچىشنى مەقسەت قىلسا: ئىست ساڭا! ئۇ ئىشىكنى ئاچمىغىن، ئەگەر ئۇ ئىشىكنى ئاچساڭ ئۇنىڭغا كىرىپ كىتىسەن دەيدۇ، توغرا يول: ئىسلامدۇر، ئىككى تەرىپىدىكى سېپىل: ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئوچۇق ئىشىكلەر: ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلاردۇر، توغرا يولنىڭ بېشىدىكى چاقىرغۇچى بولسا: ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر، توغرا يولنىڭ ئۈستىدىن چاقىرغۇچى بولسا: ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىلىدىكى ئاللاھنىڭ نەسىھىتىدۇر».

[(سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنى بايان قىلىپ بەردىكى: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئىسلامغا مىسال قىلىپ: ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ھېچ قانداق قىڭغىرلىق بولمىغان توغرا يولنى بايان قىلدى، بۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇنى ئوراپ تۇرغان ئىككى تام ياكى ئىككى سېپىل بار، بۇ ئىككى سېپىل ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسى، بۇ ئىككى تامنىڭ ئارىسىدا ئوچۇق ئىشىكلەر بار، بۇ ئاللاھ ھارام قىلغان، چەكلىگەن ئىشلاردۇر، ئۇ ئىشىكلەردە پەردىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى سىرتتىن ئۆتكەنلەر كۆرەلمەيدۇ، ئۆ يولنىڭ بېشىدا كىشىلەرنى يېتەكلەيدىغان ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان بىر چاقىرغۇچى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە : ئەتراپقا ۋە ئىككى تەرەپكە بۇرۇلماي تۈز يولدا مېڭىڭلار دەيدۇ، بۇ چاقىرغۇچى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر، بۇ يەردە توغرا يولنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر چاقىرغۇچى بولۇپ، توغرا يولدا كېتىۋاتقانلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشىكلەرنىڭ پەردىلىرىنى ئېچىپ بېقىشقا ئۇرۇنسا، ئۇلارنى چەكلەپ مۇنداق دەيدۇ: ۋاي ئىست! ئۇنى ئاچمىغىن، ئەگەر سەن ئۇنى ئاچساڭ، ئىچىگە كىرىپ كىتىسەن، ئۇ يەرگە كىرىشتىن ئۆزۈڭنى تۇتۇشقا قادىر بولالمايسەن دەيدۇ، بۇ چاقىرغۇچى بولسا، ئۇ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىلىدىكى ئاللاھنىڭ نەسىھىتىدۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65049

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee